# ۋاپات بولغۇچىغا تۇتىدىغان ھازىنىڭ مۇددىتى توشقىچە ئۆيۈڭىزدە تۇرۇڭ، ئۇ ئايال: ئېرىمنىڭ ۋاپاتى ئۇچۇن تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتتۇم دېدى

پۇرەيئە بىنتى مالىك ئىبنى سىنان رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئۇ ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەمشىرىسى بولۇپ، ئۇ ئايال پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ بەنى خەدرە مەھەللىسىدىكى ئائىلىسىگە قايتىشنى سورايدۇ، ئۇ ئايالنىڭ ئېرى ئۆزىنىڭ قىچىپ كەتكەن قۇلىنى ئىزدەپ چىققان بولۇپ، مەدىنىگە ئون كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ئۇلارغا يېتىشىۋالغاندا ئۇلار ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنى ئۆلتۈرىۋەتكەن ئىدى، ئۇ ئايال پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئۆز ئائىلىسىگە قايتىشنى سوراپ: ئېرىم ماڭا ئولتۇرىدىغانغا ئۆي ۋە خىراجەت قىلىدىغان بىر نەرسە قويۇپ قويمىدى؟ دەيدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا: «ئۆيىڭىزگە قايتىسىڭىز بولىدۇ» دېدى. ئۇ ئايال سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن چىقىپ تاشقىرى ئۆيگە ياكى مەسچىتكە چىققان ۋاقتىمدا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مېنى چاقىردى ياكى بىر كىشىنى مېنى چاقىرىشقا بۇيرىدى، مەن قايتىپ كىرسەم، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ماڭا نېمە دېگەن ئىدىڭىز؟ دېدى، مەن ئېرىمنىڭ ئەھۋالىنى قايتىدىن سۆزلەپ بەردىم، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئېرىڭىزنىڭ ئىددەت ۋاقتىنى تۈگەتكىچە ئۆيىڭىزدە تۇرۇڭ دېدى، مەن ئۇ ئۆيدە تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتتۇم دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئۇسمان ئىبنى ئەپپان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ خىلاپەت دەۋرىدە ئۇ ۋەقەلىكنى سوراپ مېنىڭ يېنىمغا ئادەم ئەۋەتىپتۇ، مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان ئەھۋالنى خەۋەر قىلدىم، ئۇ كىشى مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ شۇ بويىچە ھۆكۈم قىلدى

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - نىسائىي"سۈنەن نىسائىي"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ن[

بۇ ھەدىستە ئېرى ۋاپات بولغان ساھابە ئايالنىڭ ۋەقەلىكى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئايال ئېرى بىلەن بىرگە تۇرغان ئۆيىدىن باشقا بىر جايغا بېرىپ ئىددەت تۇتۇشنى مەقسەت قىلىپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئىزنى سورىغان،پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا ئاللاھ تائالانىڭ ئېرى ئۆلۈپ قالغان ئايالغا ئىددىتى توشۇپ بولغىچە ئېرىنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلماسلىقنى بېكىتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن، بۇ ھەدىس ئېرى ۋاپات بولغان ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ ئىددىتىنى ۋە ئېرىگە قارىلىق تۇتۇشنى ئىلگىرى ئۆزى ئېرى بىلەن بىرگە ياشىغان ئۆيدە تاماملىشى كېرەكلىكىنى، ئىددەت ۋاقتى توشماستىن ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلماسلىقى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئەسلى قائىدىدۇر، ئىددەتنىڭ تامام بولىشى ھامىلدار ئايال بولسا بالىسىنى تۇغۇش بىلەن، ھامىلدار بولمىسا تۆت ئاي ئون كۈننى تولۇقلاش بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee